# شىنجاڭ گېزىتى

新 疆 日 报
(维 文)

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۈتاش
نومۇرى: CN 65 — 0002 /Z
(ۋەكالەت نومۇرى: 1— 57)
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى نەشر قىلدى (بۈ سان 6 بەت)

1992 - يىل
ئۆكتەبر
20
سەيشەنبە


## دېڭ شياۋپىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېڭى رەھبەرلىرى بىلەن بىرلىكتە 14 - قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى بىلەن سەممىي كۆرۈشتى

**ئۇ 14 - قۇرۇلتايغا باشتىن ئاياغ كۆڭۈل بۆلدى، يولداش جياڭ زېمىنغا: «بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي ناھايىتى ياخشى ئېچىلدى، كۆپچىلىكنىڭ داۋاملىق تىرىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى**

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 19 - ئۆكتەبر تېلېگراممىسى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ يېڭىدىن سايلانغان پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىكى رەھبىرىي يولداشلار بىلەن بىرلىكتە بۈگۈن چۈشتىن كېيىن «خەلق سارىيىدا، پارتىيىنىڭ 14 - قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان بارلىق ۋەكىللەر بىلەن سەممىي كۆرۈشتى ھەم سۈرەتكە چۈشتى. چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1 - ئومۇمىي يىغىنىدا رەھبەرلىك ئاپپاراتى سايلاپ چىقىلدى

### جياڭ زېمىن ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىلىقىغا، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى

### جياڭ زېمىن، لى پېڭ، چياۋ شى، لى رۈيخۇەن، جۇرۇڭجى، ليۇ خۇاچىڭ، خۇجىنتاۋلار مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەندى، ۋېي جيەنشىڭ مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى

يولداش جياڭ زېمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم يىغىندا سۆز قىلدى





شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 19- ئۆكتەبر تېلېگراممىسى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 14- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 1- ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئاخباراتى


(1992- يىل 10- ئاينىڭ 19- كۈنى)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 14- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1- ئومۇمىي يىغىنى 1992- يىل 10- ئاينىڭ 19- كۈنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى.


يىغىنغا مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرىدىن 188 كىشى، مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كاندىدات ئەزالىرىدىن 129 كىشى قاتناشتى. يىغىنغا يولداش جياڭ زېمىن رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى. ئومۇمىي يىغىندا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىرى، كاندىدات ئەزالىرى، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى، مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى سايلاپ چىقىلدى، مەركىزىي كومىتېت



يولداش جياڭ زېمىن پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1- ئومۇمىي يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلماقتا. (شىنخۇا ئاگېنتلىقى)



يولداش دېڭ شياۋپىڭ ۋەكىللەرگە ھۆرمەت بىلدۈرمەكتە. (شىنخۇا ئاگېنتلىقى)



10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى يولداش دېڭ شياۋپىڭ يېڭىدىن سايلانغان پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى رەھبەرلىرى بىلەن بىرلىكتە «خەلق» سارىيىدا 14 - قۇرۇلتايغا قاتناشقان بارلىق ۋەكىللەر بىلەن سەممىمىي كۆرۈشتى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ۋەكىللەر بىلەن بىللە سۈرەتكە چۈشتى. (شىنخۇا ئاگېنتلىقى)

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 1 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئاخباراتى

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 19 - ئۆكتەبىر تېلېگراممىسى) (1992- يىل 10 - ئاينىڭ 19- كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 1 - ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللاندى)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 14- قۇرۇلتىيىدا سايلاپ چىقىلغان مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 1992 - يىل 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى بېيجىڭدا 1- ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزدى.

بۇ قېتىمقى ئومۇمىي يىغىنغا مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىدىن 107 كىشى قاتناشتى. يىغىنغا يولداش ۋېي جيەنشىڭ رىياسەتچىلىك قىلدى. ئومۇمىي يىغىندا مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، مائاۋىن شۇجىلىرى ۋە دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى سايلاپ چىقىلىپ، مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللاندى.

كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى، مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى سايلاپ چىقىلدى، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى كۆرسەتكەن ئىسىملىككە ئاساسەن، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ ئەزالىرى ماقۇللاندى؛ مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ تەركىبىدىكى خادىملار بەلگىلەندى؛ مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 1- ئومۇمىي يىغىنىدا سايلام بىلەن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلار ۋە دائىمىي كومىتېت ئەزالىرىنىڭ نامزاتلىرى تەستىقلاندى. ئىسىملىكى تۆۋەندىكىچە:

**1- مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىرى، كاندىدات ئەزالىرى**

مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىرى (خەنزۇچە فامىلە خەت سىزىقىنىڭ ئاز-كۆپلىكى بويىچە تىزىلدى)

دىڭ گۇەنگېن، تيەن جىيۈن، جۇرۇڭجى، چياۋشى، ليۇ خۇاچىڭ، جياڭ زېمىن، لى پىڭ، لى لەنچىڭ، لى تيېيىڭ، لى رۇيخۇەن، ياڭ بەيبىڭ، ۋۇ باڭگو، زوجياخۇا، چېن شىتۇڭ، خۇجىنتاۋ، جاڭ چۈنيۈن، چيەن چىچېن، ۋېي جيەنشىڭ، شيې فېي، تەن شاۋۋېن

مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ كاندىدات ئەزالىرى (ئىگە بولغان ئاۋازىنىڭ ئاز-كۆپلىكى بويىچە تىزىلدى)

ۋېن جياباۋ، ۋاڭ خەنبىن

**2-مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى**

جياڭ زېمىن، لى پىڭ، چياۋشى، لى رۇيخۇەن، جۇرۇڭجى، ليۇخۇاچىڭ، خۇجىنتاۋ

**3- مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى**

جياڭ زېمىن

**4. مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىلىرى**

خۇ جىنتاۋ، دىڭ گۇەنگېن، ۋېي جيەنشىڭ، ۋېن جياباۋ، رېن جيەنشىن

**5- مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، ئەزالىرى**

رەئىسى

جياڭ زېمىن

مۇئاۋىن رەئىسلىرى

ليۇخۇاچىڭ، جاڭ جېن

ئەزالىرى

چى خاۋتيەن، جاڭ ۋەننيەن، يۈي يۇڭبو، فۇچۇەنيۇ

**6-مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن شۇجىلىرى، دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى**

شۇجىسى


ۋېي جيەنشىڭ


مۇئاۋىن شۇجىلىرى

خۇ زۇڭبىڭ، چېن زۇلىن، ساۋ چىڭزى، ۋاڭ دېيىڭ، شۈي چىڭ

دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى (خەنزۇچە فامىلە خەت سىزىقىنىڭ ئاز - كۆپلىكى بويىچە تىزىلدى)

ۋاڭ گۇاڭ، ۋاڭ دېيىڭ، ليۇ لىيىڭ، ئەن چيۈەن، لى جىلۈن، خې يۇڭ، چېن زۇلىن، خۇزۇڭبىڭ، شۈي چىڭ، ساۋچىڭزى، ۋېي جيەنشىڭ، پىڭ گاڭ، فۇ جيې





يېڭىدىن سايلانغان ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى

يۇقىرىقى رەتتە، سولدىن ئوڭغا: جياڭ زېمىن، لى پىڭ، چياۋ شى، لى رۇيخۇەن؛ تۆۋەنكى رەتتە، سولدىن ئوڭغا: جۇ رۇڭجى، ليۇخۇاچىڭ، خۇ جىنتاۋ (شىنخۇا ئاگېنتلىقى)



دىڭ گۇەنگېن


تيەن جيۈن



جۇرۇڭجى


چياۋشى


ليۇخۇاچىڭ


جياڭ زېمىن



لى پېڭ


لى لەنچىڭ


لى تىيىيىڭ


لى رۇيخۇەن


ياڭ بەيبىڭ


ۋۇباڭگو


زۇجياخۇا


چېن شىتۇڭ



خۇجىنتاۋ



جاڭ چۈنيۈن



چيەن چىچېن


ۋېي جيەنشىڭ


شيې فېي


تەن شاۋېن


ۋېن جياباۋ


ۋاڭ خەنبىن


رېن جيەنشىن


جاڭ جېن

# ج ك پ مەركىزىي رەھبەرلىك ئاپپاراتى ئەزالىرىنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

(بېشى ئۈنۈگىنكى ساندا)

## يولداش دىڭ گۇەنگېننىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

دىڭ گۇەنگېن، 1929 - يىلى 9 -ئايدا تۇغۇلغان، جياڭسۇنىڭ ۋۇشى شەھرىدىن. 1956 - يىلى 7 -ئايدا پارتىيىگە كىرگەن. 1951- يىلى 8 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان. شاڭخەي قاتناش داشۆسى ترانسپورت باشقۇرۇش فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. ئالىي ئىنژېنېر. 1946- يىلدىن 1951 - يىلغا قەدەر شاڭخەي قاتناش داشۆسى ترانسپورت باشقۇرۇش فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1951 - يىلدىن 1958 - يىلغا قەدەر قاتناش مىنىستىرلىكى دېڭىز ترانسپورت ئىدارىسىدا پراكتىكانت، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى ترانسپورت ئىدارىسى يۈك ترانسپورت ئىدارىسىنىڭ تېخنىكىلىق ئۆلچەم خادىمى، ئىنژېنېرى بولغان. 1958 - يىلدىن 1960 - يىلغا قەدەر تۆمۈريول مىنىستىرلىكى ترانسپورت باش ئىدارىسىنىڭ ئىنژېنېرى بولغان. 1960 - يىلدىن 1969 - يىلغا قەدەر تۆمۈريول مىنىستىرلىكى مىنىستىر ئىشخانىسىنىڭ كاتىپى بولغان. 1969- يىلدىن 1972 - يىلغا قەدەر تۆمۈريول مىنىستىرلىكى «7- ماي» كادىرلار مەكتىپىگە ئەمگەك قىلىشقا چۈشۈرۈلگەن. 1972 - يىلدىن 1975 - يىلغا قەدەر شىمالىي قاتناش داشۆسى چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار ئىشخانىسىدا ئىشلىگەن. 1975 - يىلدىن 1981 - يىلغا قەدەر تۆمۈريول مىنىستىرلىكى تاشقى ئىشلار ئىدارىسىدە ئىنژېنېر، مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 1981- يىلدىن 1983 - يىلغا قەدەر تۆمۈريول مىنىستىرلىكى پىلان ئىدارىسى باشلىقىنىڭ ياردەمچىسى، مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان. 1983- يىلدىن 1985 - يىلغا قەدەر 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1985 - يىلدىن ھازىرغا قەدەر تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ كاندىدات ئەزاسى، دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، گوۋۇيۈەن تەيۋەن ئىشلىرى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى، قوشۇمچە مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

1985 - يىلى مەملىكەتلىك پارتىيە ۋەكىللىرى يىغىنىدا 12- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئەزالىقىغا كۆپەيتىپ سايلانغان. 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئەزاسى، 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ كاندىدات ئەزاسى بولغان. 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4 - ئومۇمىي يىغىنىدا مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىلىقىغا كۆپەيتىپ سايلانغان.

## يولداش تيەن جيۈننىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

تيەن جيۈن، 1929-يىلى 6-ئايدا تۇغۇلغان. سەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ ۋېي چېڭ دېگەن يېرىدىن. 1945- يىلى 5- ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، 1945-يىلى 1-ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، ئوتتۇرا مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە. 1945-يىلدىن 1949-يىلغا قەدەر سەندۇڭ غەربىي جەنۇب ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى 3-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۇرۇش ئارقا سەپ تەمىنات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. خېبېي، سەندۇڭ، خېنەن چاۋچېڭ ناھىيىسى 1-رايونى يەر ئىسلاھاتى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، خېبېي، سەندۇڭ، خېنەن ئۇرۇش ئارقا سەپ تەمىنات قوماندانلىق باش شتابىنىڭ بوغالتىرى، جياڭشى ئۆلكىسى شەرقىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسى مالىيە باشقارمىسىنىڭ بوغالتىرى بولغان. 1949- يىلدىن 1953- يىلغا قەدەر گۈيجۇ ئۆلكىسى گۈيياڭ شەھىرى ھەربىي باشقۇرۇش كومىتېتى مالىيىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش بۆلۈمىنىڭ مەخپىي ئىشلار كاتىپى، گۈيياڭ خەلق ئىنقىلابىي داشۆسىدە سىنىپ مۇدىرى، گۈيجۇ ئۆلكىلىك مالىيە كادىرلىرى كۇرسىدا سىنىپ مۇدىرى بولغان. 1953- يىلدىن 1969- يىلغا قەدەر، گۈيجۇ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى كاتىبات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى، ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىرى، ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى پىلان بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، خام چوت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، غەربىي جەنۇب ئىدارىسى مالىيە ئىشخانىسى مالىيە باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1969- يىلدىن 1981- يىلغا قەدەر سىچۇەن ئۆلكىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتى مالىيە -سودا ئىگىلىك باشقۇرۇش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئۆلكىلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى، ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان. 1981- يىلدىن 1983- يىلغا قەدەر گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، گوۋۇيۈەن ئورگان پارتكومىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1983- يىلدىن 1987- يىلغا قەدەر، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى، قوشۇمچە گوۋۇيۈەننىڭ باش كاتىپى، گوۋۇيۈەن ئورگان پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مەركىزىي مالىيە-ئىقتىساد رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن باشلىقى، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى بولغان.

1987- يىلدىن باشلاپ، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى بولغان.

12- نۆۋەتلىك، 13- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئەزاسى بولغان. 12- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 5-ئومۇمىي يىغىنىدا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىقىغا، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىلىقىغا، 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىقىغا كۆپەيتىپ سايلانغان.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)



1992 ـ يىل
ئۆكتەبر
22
پەيشەنبە

# شىنجاڭ گېزىتى

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۈتاش
نومۇرى: CN 65 — 0002 /Z
(ۋەكالەت نومۇرى: 1— 57)
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى نەشر قىلدى (بۇ سان 6 بەت)

新疆日报 (维文)

# ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ زور غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەيلى

ـ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 14-قۇرۇلتىيىدا بېرىلگەن دوكلات

جياڭ زېمىن

(1992 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى)

يولداشلار:

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 14-قۇرۇلتىيى ئېلىمىزدە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى تېز ئېلىپ بېرىلىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە چاقىرىلدى! مەن ھازىر 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتقا ۋەكالىتەن، قۇرۇلتايغا دوكلات بېرىمەن.

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي زور تارىخىي ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغان قۇرۇلتاي. پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى بىزنىڭ بۇ قۇرۇلتىيىمىزغا ئۈمىد باغلىماقتا، دۇنيادىكى جۇڭگوغا كۆڭۈل بۆلىدىغان دوستلار بىزنىڭ بۇ قۇرۇلتىيىمىزغا نەزەر سالماقتا. ئىشىنىمىزكى، بارلىق ۋەكىللەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي چوقۇم ئىتتىپاقلىق قۇرۇلتىيى، غالىبىيەت قۇرۇلتىيى بولىدۇ.

11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، جاسارەت بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، تىرىشىپ كۈرەش قىلىشى ئارقىسىدا، پۈتكۈل مەملىكەتنىڭ جۇشقۇن ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تاشتى، بىپايان جۇڭخۇا زېمىنىدا ئۇلۇغ تارىخىي ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى يەنىمۇ ئازادلىققا ئېرىشتى. تىنچ، ئىتتىپاقلىق سىياسىي ۋەزىيىتى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەندى. 1 مىليارد 100 مىليون خەلقنىڭ قورساق تويغۇزۇش ـ پۈتۈن كىيىنىش مەسىلىسى ئاساسەن ھەل بولدى، ئەمدى ھاللىق سەۋىيىگە قاراپ قەدەم تاشلىماقتا. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىمىز يۇقىرى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلدى، خەلق تۇرمۇشى يۇقىرى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلدى، دۆلەتنىڭ ئومۇمىي كۈچى يۇقىرى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلدى. جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزم تۈزۈمى دۇنيا ۋەزىيىتىدە جىددىي ئۆزگىرىش بولغان ئەھۋالدا، قاتتىق سىناقتا بەرداشلىق بېرىپ، قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدى.




ئېلىپ بېرىلدى، پارتىيىمىز رەھبەرلىكىدە قەدەم-باسقۇچ بويىچە، تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلدى. ئۇ سوتسىيالىستىك تۈزۈمىمىزنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىش ئەمەس، بەلكى سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ

قويدى.

پارتىيىمىز چوڭ ـ چوڭ تارىخىي ھەق ـ ناھەقلىكلەرنى ئەستايىدىل ئېنىقلاپ چىقتى. بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ناھەق، يالغان، خاتا ئەنزىلەرنى ئاقلاپ، پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشكە ۋە بارلىق ئىجابىي ئامىللارنى قوزغاشقا پايدىلىق تۈرلۈك سىياسەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈردى. 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 6 ـ ئومۇمىي يىغىنى دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا مەخسۇس قارار چىقىرىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نى ۋە «پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى شارائىتىدا داۋاملىق ئىنقىلاب قىلىش» نەزەرىيىسىنى تۈپتىن ئىنكار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يولداش ماۋزېدوڭنى ۋە ماۋزېدوڭ ئىدىيىسىنى ئىنكار قىلىدىغان خاتا پىكىر ئېقىمىغا قەتئىي تاقابىل تۇرۇپ، يولداش ماۋزېدوڭنىڭ تارىخىي ئورنىنى قوغدىدى، ماۋزېدوڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچى رولىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ئىچكى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشكە ئەگىشىپ، پارتىيىنىڭ مۇشۇ مۇھىم قارارنى چىقىرىشتىكى جاسارىتى ۋە دانالىقى بارغانسېرى ئېنىق نامايان بولدى.

قالايمىقانچىلىقنى تۈگىتىش ئىشىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندىلىشى ئاساسىدا، 1982-يىلى پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 12 ـ قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. شۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي «ماركسىزمنىڭ ئومۇمىي ھەقىقىتىنى دۆلىتىمىزنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىمىزنىڭ يولىدا مېڭىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش» ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئىككى قەدەم بويىچە مېڭىپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا مىللىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنى ئىككى قاتلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش نىشانىنى بەلگىلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە 3 ـ قەدەمدە كېلەر ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا بارغاندا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ستراتېگىيە ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇنداق قىلىپ پارتىيىمىز پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى 21 ـ ئەسىرگە قەدەم تاشلاشقا يېتەكلەيدىغان بىر ئۇلۇغ توغنى كۆتۈرۈپ ماڭدى.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ـ يېڭى دەۋرنىڭ ئەڭ روشەن



**يېڭىدىن سايلانغان ج ك پ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك مۇخبىرلار بىلەن يۈزكۆرۈشتى**

10- ئاينىڭ 19- كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 14- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 1- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېڭىدىن سايلانغان ج ك پ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 14- قۇرۇلتىيىنى زىيارەت قىلغان جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك مۇخبىرلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن مۇخبىرلاردىن ھال سورىدى.

شىنخۇا ئاگېنتلىقى (فوتوتېلېگراف)

(بېشى 3 - بەتتە)

چېتىلىدىغان مەسىلىلەر بىر قەدەر مۇھىم ياكى مۇرەككەپ بولسا ۋەياكى پارتىيە ئەزاسىغا پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بېرىشكە توغرا كەلسە، ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالغا قاراپ، پارتىيىنىڭ ناھىيە دەرىجىلىك ياكى ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا تەستىقلىتىش كېرەك. ئالاھىدە ئەھۋال ئاستىدا، پارتىيىنىڭ ناھىيە دەرىجىلىك ۋە ناھىيىدىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرى ھەم ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى پارتىيە ئەزاسىغا ئىنتىزام جازاسى بېرىشنى بىۋاسىتە قارار قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

پارتىيىنىڭ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرىنىڭ ئەزالىرىغا، كاندىداتلار ئەزالىرىغا پارتىيە ئىچىدىكى

تەكشۈرۈش كومىتېتلىرىنىڭ قوش رەھبەرلىكىدە ئىشلەيدۇ.

پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋەكالەت مۇددىتى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

پارتىيىنىڭ مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنى دائىمىي كومىتېتنى ۋە شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلارنى سايلايدۇ ھەمدە ئۇلارنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا تەستىقلىتىدۇ. پارتىيىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىنى دائىمىي كومىتېتنى ۋە شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلارنى سايلايدۇ ھەمدە ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈپ، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتىغا تەستىقلىتىدۇ.

كومىتېتى تۆۋەن دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرۈش ھەمدە تۆۋەن دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئەنزە توغرىسىدا چىقارغان قارارىنى تەستىقلاش ۋە ئۆزگەرتىش ھوقۇقىغا ئىگە. يۇقىرى دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئۆزگەرتمەكچى بولغان شۇ تۆۋەن دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ قارارى ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلگەن بولسا، بۇنداق ئۆزگەرتىشنى ئۇنىڭدىن بىر دەرىجە يۇقىرى پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈش شەرت.

پارتىيىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭ ئەنزىنى بىر تەرەپ قىلىش قارارىغا باشقىچە پىكرى بولسا، ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ قايتا تەكشۈرۈشكە ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ؛ ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ ياكى ئۇنىڭ ئەزالىرىنىڭ پارتىيە ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىش ئەھۋالىنى سەزگىنىدە، ئۇنى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتى ھەل قىلمىسا ياكى توغرا ھەل قىلمىسا، يۇقىرى دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا ئەرز بېرىپ، بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە ياردەم سوراشقا ھوقۇقلۇق.

## توققۇزىنچى باب پارتگۇرۇپپىلار

**46 - ماددا** مەركەز ۋە جايلاردىكى دۆلەت ئورگانلىرى، خەلق تەشكىلاتلىرى، ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار، مەدەنىيەت تەشكىلاتلىرى ۋە باشقا پارتىيىسىز تەشكىلاتلارنىڭ رەھبىرىي ئورگانلىرىدا پارتگۇرۇپپا قۇرۇلسا بولىدۇ. پارتگۇرۇپپىنىڭ ۋەزىپىسى، ئاساسەن، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا، ئۆز تارماقلىرىنىڭ چوڭ چوڭ مەسىلىلىرىنى مۇھاكىمە ۋە قارار قىلىشقا، پارتىيىسىز كادىرلار ۋە ئامما بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، پارتىيە ۋە دۆلەت تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىشقا، ئىدارە ۋە ئۆزىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشقا مەسئۇل بولۇشتىن ئىبارەت.

**47 - ماددا** پارتگۇرۇپپىنىڭ ئەزالىرىنى شۇ پارتگۇرۇپپىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تەستىقلىغان پارتىيە كومىتېتى تەيىنلەيدۇ. پارتگۇرۇپپىغا شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلار قويۇلىدۇ.

پارتگۇرۇپپىلار ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تەستىقلىغان پارتىيە كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىگە بويسۇنۇشى شەرت.

**48 - ماددا** دۆلەتنىڭ ئۆز تەۋەسىدىكى ئورۇنلىرىغا مەركەزلەشتۈرۈلگەن بىر تۇتاش رەھبەرلىكنى يولغا قويىدىغان خىزمەت تارماقلىرىدا پارتكوم قۇرۇلسا بولىدۇ، پارتكوملارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئۇسۇلى، ئۇنىڭ خىزمەت ھوقۇقى ۋە خىزمەت ۋەزىپىسىنى مەركىزىي كومىتېت ئايرىم بەلگىلەيدۇ.

## ئونىنچى باب پارتىيىنىڭ كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

**49 - ماددا** جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى - جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ئىلغار ياشلارنىڭ ئاممىۋى تەشكىلاتى، ياشلارنىڭ كوممۇنىزمنى ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۆگىنىش مەكتىپى، پارتىيىنىڭ ياردەمچىسى ۋە زاپاس ئارمىيىسى. كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ. كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭ، شۇنداقلا يۇقىرى دەرىجىلىك كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ.

**50 - ماددا** پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئىتتىپاق كادىرلىرىنى تاللاپ ئۆستۈرۈش ۋە تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. پارتىيە كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئۆز خىزمىتىنى ياشلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋە ئېھتىياجىغا ئاساسەن، جانلىق، روھلۇق ۋە تازا ئىجادىي ئىشلەپ، ئىتتىپاقنىڭ زەربىدار ئەترەتلىك رولىنى ۋە ياشلار بىلەن ئالاقە باغلاشتىكى كۆۋرۈكلۈك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشنى قەتئىي قوللىشى كېرەك.

ئىتتىپاقنىڭ ناھىيە ۋە ناھىيىدىن تۆۋەن ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرىنىڭ شۇجىلىرى، كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىتتىپاق كومىتېتلىرىنىڭ شۇجىلىرى پارتىيە ئەزاسى بولسا، پارتىيىنىڭ شۇ دەرىجىلىك كومىتېتىنىڭ ۋە دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنلىرىغا سىرتتىن قاتناشسا بولىدۇ.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ 21 - ئۆكتەبىر تېلېگراممىسى)

